# ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى!

﴿ علينا أن نعترف... ﴾

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

ئا. قارلۇقى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2009 - 1430

islamhouse.com

# ﴿ علينا أن نعترف... ﴾

«باللغة الأويغورية»

ع. قارلوقي

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2009 - 1430

islamhouse.com

# ئۆزىمىزنى ئىتىراپ قىلايلى!

ئۇيقۇڭىز قاچقان تۈنلەردە دىيارىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرت-ئەلەملەرنى، زۇلۇم-ستەملەر، ئالۋاڭ-سېلىقلارنى، ئېتىقادىغا، ئەقىدىسىگە قىلىنىۋاتقان ھاقارەتلەر، كەمسىتىشلەرنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ چەكسىز خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولىدىغانسىز. سەۋەبىنى بىلىشكە، ماھىيىتىنى ئېنىقلاشقا ئىنتىلىدىغانسىز. نەتىجىدە جىنايەتنى گاھ مىللەتنىڭ تەكلىماكان سۈكۈناتلىقى چوڭقۇر سىڭگەن پىسخىك ھالىتىگە، گاھ ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئېنىق يورتۇلمىغان دىنىي ئېتىقادىغا يۈكلەپ كۆرىدىغانسىز. بۇ نۇقتىدا ئۆزىڭىزدىن باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش، ئىللەتنى تېپىپ، ئىسلاھات يولىنى تۇتۇش غەرىزىڭىز بولسا، قېنى تۆۋەندىكى قالايمىقان قۇرلار ئارىسىدىن قەلب جاراھىتىڭىزگە تەسەللى بولىدىغان مەنالارنى ئىزدەپ كۆرۈڭ!.

ئادەم ئاتىدىن باشلاپ، تا زامانىمىزغا قەدەر ئۆتكەن ھايات كارۋىنىنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرىغا چوڭقۇر نەزەر تاشلىغان ئىنساننىڭ تارىختىن بۇيان ھەق بىلەن ناھەق، كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ دەقىقە مىقدارى توختاپ قالمىغانلىقىنى بايقىۋېلىش قىيىن ئەمەس. بولۇپمۇ ئاللاھ بىز مۇسۇلمانلاردىن ئىبارەت ئاخىرقى ئۇممەتنى ئۆزى رازى بولغان ئىسلام، مۇقەددەس كىتاۋى قۇرئان كەرىم ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن شەرەپلەندۇرگەندىن كېيىن، ھەق بىلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ناھايەت ئەيدىڭلاشتى. ئاللانىڭ مېھرى شەپقىتىنىڭ چەكسىزلىكىدىن ئىنسانىيەتنىڭ يارىتىلىشىدىكى مەقسەتنى رۇشەنلەشتۇرىۋېلىشى ئۈچۈن «جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتىم» دېگەن ئايەتنى ئېنىق جاكارلاپ، ئۆز دەرگاھىدا كىشىلەرنىڭ نۇسرەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بۇت-ھەيكەللەرنىڭ، تاغ-دەريالارنىڭ، ھەددىدىن ئاشقان تاغۇت-ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىلاھلىقىنى ئىنكار قىلىپ، يېگانە، شېرىكى يوق بىرلا ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە كۆچۈش، ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل

قىلىش، دىنىنى ساغلام چۈشەنچە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ پۈتكۈل ساھەگە تەتبىقلاشقا چاقىردى.

ئۇلارنى ھەقىقەتنى دوست تۇتقانلىقى ئۈچۈن بىر قىسىم ئازغۇنلارنىڭ ھەمىشە دۈشمەن كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا قارشى ئۆزلۈكسىز پىتنە-ئىغۋا تارقىتىدىغانلىقىنى، پۇرسەت تاپقان ھامان ئۇلارغا ئوت ئاچىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ «ئاللاھ مۆمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ». بىشارىتىنىڭ بۈيۈكلىكىدە خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈردى. غەلىبە ۋە مۇۋەپپىقىيەتنى، ئادالەت ۋە ھەقىقەتنى پەقەت ئېتىقادى بىرلىك ئارقىلىقلا روياپقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ: «ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ئېسىلىڭلار، بۆلۈنمەڭلار» ئىلاھى كۆرسەتمىسىنى بىزگە بۇيرۇق قىلدى. كەرەملىك تەربىيەتچىمىز ئاللاھ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابىدا كۆرسەتكەن مۇستەھكەم تۇتقا ئىمان-ئىسلامنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ تۇنجى شەرتى قىلىپ بەلگىلىدى..مانا بۇلار ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى ۋەدىلىرىدىن ئىدى. ۋەھالەنكى تارىختىن بۇيان ئىمان ئېيتقان، مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ كىلىۋاتقانلىقىمىز ھېچكىمگە سىر ئەمەس. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەسىرلەر مابەينىدە مۇستەملىكىچى كاپىرلارنىڭ زۇلۇم سىرتماقلىرىدىن قۇتۇلالمىدۇق. تۇرمۇشتىن خوۋلۇق كۆرمىدۇق، نۇسرەت تىلەپ سوزۇلغان قوللار ھاۋادا لەيلەپ قالغاندەكلا تۇيغۇ بېرىۋاتىدۇ. ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقىغا گۇمانىمىز بولمىغانكەن ئەلۋەتتە، ئىمانىمىزنى سەممىي، بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالى ھالدا كۆزىتىپ چىقىشقا مەجبۇرمىز. قېنى تارىخ سۈپىتىدىن ئۆزىمىزنىڭ رېئال ئەملىيىتىمىزگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى!

مىلادىيە 610-يىلى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھي قىلىنغان ئىسلام دىنى بىر ھەق، ئىلاھى دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا غەربتە فرانسىيە چېگرالىرىدىن شەرقتە پامىر تاغلىرى ۋە پەرغانە ۋادىلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ئۆزىنىڭ ئەقىدە تۇغلىرىنى تىكلىدى. 709-يىلى

قوتەيبە بىن مۇسلىم ئەلباھىلى قوماندانلىقىدا بۇخارا پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى تىجارەت يولى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقاشقا باشلىدى. 932-يىلىغا كەلگەندە ئىسلام دىنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇنجى مۇسۇلمان رەھبىرى سۇلتان سوتۇق بۇغراخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە رەسمىي دۆلەت دىنىغا ئايلاندى ۋە ھاكىمىيەت ئورنىغا كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى زىكىر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى ئېپوس ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، توتېمغا دائىر ئەقىدىلەر چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئىسلام تەلىماتلىرىغا خاس مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرىنى ياراتتى. مەسجىد مەدرىسىلەر بەرپا قىلىندى. ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە مۇۋاپىق ھالدا تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىلىپ ، خەلق ساپاسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە مۇھىم تۆرتكە بولدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە تارىخى بارلىقىمىزنىڭ شاھىدلىرى سۈپىتىدە مەھمۇد قەشقىرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ مىسالى مىڭلىغان ئالىملار مەيدانغا كېلىپ، ئېتىقادى نۇقتىدا تۇرۇپ "قۇتادغۇ بىلىك"، "تۈركىي تىللار دىۋانى" قاتارلىق ئۆلمەس ئىلمى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى.

شۇنىڭدەك ۋەتىنىمىزدە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ۋە ئەقىدىنى يېتەكچى قىلغان بىر سىياسى گەۋدە تىكلەش ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز جىھاد ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىمۇ باشقا جايدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شەرەپلىك مەرتىۋىگە ئېرىشىش، جەننەتنىڭ ھەۋزىكەۋسەر-كەۋسەر ئاقىدىغان دەريا-ئېقىنلىرىغا چۆمۈلىشنى ئارزۇ قىلىپ، ئىسلام جىھادى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى شېھىتلىك دەرىجىلىرىگە كۆتۈرۈشكەن مىڭلىغان ئەزىمەتلەر مەيدانغا كەلدى. دەرۋەقە، ئىسلامىيەت ئېتىقادى شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى تارىخىدا"قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىمۇرىيلەر ئىمپىرىيسى ۋە ياركەنت سەئىدىيە خاندانلىقى يىمىرىلگەنگە قەدەر مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە پەلسەپىدە ناھايتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەر يارىتىلدى. شۇنداقلا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئالتۇن دەۋر مەيدانغا كەلدى"ئەپسۇسلىنارلىقى"ماۋرەئۇننەھىر ۋە پەرغانە ئويمانلىقىدا-شەيبانىخان باشلىغان سىياسى داۋالغۇشلار بىلەن تارىم ئويمانلىقىدا يۈز بەرگەن

قوغلاندى"خوجا"لار پاراكەندىچىلىكلىرى بۇ رايوننىڭ تاكى ئەسىرىمىزگىچە داۋاملاشقان ئېچكى تىنچسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى" سەئىدىيە خاندانلىقى يىمىرىلگەندىن باشلاپ جاھالەت سۇلتانلىرىنىڭ سىياسى نۇپۇزى ئارتىپ، ھەقىقىي تۈردىكى ئىسلام ئېتىقادى چاقىرىقۋاتقان شەرىئەت ۋە شەرىئەت ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان سىياسى گەۋدە زاۋاللىققا يۈزلەندى. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتە ئاساسى مەقسەتنى ئىگەللىگەن بىلىش، ئوقۇش، پەن مەدەنىيەت ئاخىرقى ھىساپتا ئىنسانىيەتنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش چاقىرىقى ھېلىقى "يولسىز ئەقىدە" لەرنىڭ ئىشقىۋازلىرى كۆچەپ چېلىۋاتقان سەرپاي-ساپايىلەرنىڭ قالايمىقان شاراقلاشلىرى، "ھۇم - ھۇمچىلارنىڭ تارتقان نەرە ئاۋازلىرى ئاستىغا قامىلىپ قالدى. سۇپىزىمنىڭ "پەزىلەت" قانىتى ئاستىغا ئېلىنغان بۇ قاراڭغۇلۇقىغا قاراڭغۇلۇقىغا كۆچتى. ئالىملار مۇجاھىدلار،ۋەتەنپەرۋەرلەر، ۋىجدانى - ئىمانى ئويغاق قەھرىمان ئەركەكلەر بايقالغان ھامان ھەرخىل سۈيىقەستلىك يوللار بىلەن ئۈجۈقتۈرۈلدى ياكى ئىجتىمائىي تەسىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. نەتىجىدە خەلقىنىڭ ئىسيانكار روھىنى ئىپادىلەيدىغان ئىنقىلاپ، نامايىش دېگەنلەر مەغلۇبىيەت بىلەن تۈگەنلەندى.

شۇنداق قىلىپ "تەقدىرگە تەن، قازاغا رىزا" ئىبارىسىنى پادىشاھلارغا بوي سۇنۇش ۋاجىپ، قارشى چىقىش كۇپىرلىق بولىدۇ" (ئەگەر پادىشاھ مۇسۇلمان بولۇپ، شەرىئەت ھۆكۈمىگە مۇۋاپىق ئىش ئېلىپ بارسا، ئۇنىڭغا قارشى چىقىش كۇپىرلىق بولىدۇ. بولمىغاندا ئىش تامامەن ئەكسىچە) نۇقتىسىدىن ئىزاھلاپ، خەلقنىڭ تاغۇتلارغا قارىتا ئىنتائەتمەنلىكىنى ئاشۇرغان، يالغۇز ئۆلۈمنىلا زىكىر قىلىپ (مەخپىي ھالدا دۇنيا تۇپلاشنى ھەم بوش قويىۋەتمىگەن) كىشىلەرنى دۇنيادىكى ھەق - ھوقۇقىدىن ياتلىشىشقا چاقىرغان. "گەرچە ئىسلام ئېتىقادىدا ئاخىرەتكە نىسبەتەن ئىبادەت، دۇنياغا قارىتا "دۇنيالىق ئەمەل" ئىسمى بىلەن تونۇلغان يول بولماستىن ھەممىسى بىر، ئۇنىڭ مۇقەددىمىسى دۇنيادا، نىھايىتى ئاخىرەتتە بولىدۇ.(6) قارشى تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، قىلچىلىك پەرۋايىغا ئالماستىن، ھەدىسنى تەتۈرگە شەرھىلەپ" دۇنيا لەنەت قىلىنغان "(7) شۇنداقكەن كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىمەيدۇ سەپسەتىسى ئارقىلىق كىشىلەرنى نادانلىققا، جاھالەتكە چاقىرىپ، يالغان كارامەتنى دەسمايە قىلىپ،

ئەۋلىيالىق سۇپىسىغا چىڭ چاپلاشقان مازايى مەشايىخلار باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش دىنسىزلارنىڭ مۇشت- پەشۋالىرىغا، خورلۇق - ئاھانەتلىرىگە دۇچ كەلمىدى. ھېچقايسى دۈشمەن ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىدىن ئەنسىرىمىدى. خۇلاسە گەپ، ساغلام بولمىغان ئەقىدە رەقىبلەر ئىلتىپاتىدا-ياشايدىكەن.

19 - ئەسىر ۋە 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە غەرپ كاپىتالىستلىرىنىڭ مۇستەملىكە ئاياغلىرى يېتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن بىچارە ئۇيغۇر خەلقىمۇ سىرتتا قالمىدى. پېرىخونلۇق، كارامەتچىلىك، نادانلىق ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن ئۇ جەمئىيەت ئۇستىگە يەنە قانداقتۇر شۇم ئاياغلارنىڭ باستۇرۇپ كىلىشى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىققان مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاپ، ئافغانىستان زېمىنىدىن چىققان جامالىدىن ئافغانى، ئافرىقىدىكى سەنۇسى، مىسىردىن باش كۆتۈرگەن ھەسەنۇل بەننا كەبى ئۇيغۇر نەسلىدىنمۇ ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق ئەلسۆيەر، ۋەتەنسۆيەر،ئېتىقادىغا سادىق، ئەركپەرۋەر دىنى داھىيلار مەيدانغا كېلىپ، "ئويغىنىش" "ئىتىپاقلىق" "جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش"، ۋەتەن سۆيۈش" قاتارلىق تىملاردا كەڭ تەشۋىق ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، قان - قېنىغا شۇملۇق، مۇناپىقلىق، نادانلىق، سېتىلمىلىق سىڭىپ كەتكەن بىر قىسىم موللىلارنىڭ قانسىرىغان پىچاقلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. بۇ شۇملۇقتا بىز چەتئەللىكلەرنىمۇ بىسىپ چۈشتۇق. بىزنىڭ بۇ خىل خائىنغا خاس"قەھرىمان" لىقىمىزدىن خەۋەر تېپىشقانمۇ ياكى ھەقىقەتنىڭ ماھىيىتىگە يەتكەن ئۇلۇغۋار ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى - قىسمەتلىرى شۇنداق پاجىئەلىك بولامدۇ؟! بىلمىدىم، ئىشقىلىپ ئارىدىن 25 يىل ئۆتكەندە مىسىرلىقلارمۇ ئۆزىنىڭ ئەركپەرۋەر دىنى داھىيسىنى پىچاقتىن ئۆتكۈزۈشتى. ئەمما شەھىد بەننانىڭ دەۋەت -تەشۋىقات ئېتىزى ھېلىھەم مېۋە - مەھسۇلات بېرىۋاتقان بولسا، داموللامنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىدىن تا ھازىرغا قەدەر ئارىمىزدىن مېڭلىغان "شاپتۇل داموللا" لار چىقىپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەمىر- پەرمانلىرىنى قىلچە تەپتارتماستىن قۇرئان - ھەدىس بىلەن شەرھىلەپ تۇردى. بۇ نۇقتىنى سەبىرسىزلىك بىلەن كۆزەتكەن بىر قىسىم قەلەم ساھىبلىرىنىڭ "زېمىن يۈزىدە بىرمۇ ساپ دىل ، سەمىمىي كىشى قالمىدى" دەپ جار سالغانلىقى

قۇلىقىمىزغا كىرىپ تۇردى. قارىماققا بۇ چېكىدىن ئاشقان قاپ يۈرەكلىكتەك قىلىسىمۇ، مەسئۇلىيەتتىن ياتلاشقان، ئەقىدىسىدە غايەت زور دەرىجىدە ئېغىش يۈز بەرگەن ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىغا قاراپ چىقىرىلغان تەنە ئارىلاش يەكۈن ئىدى.....

هۆرمەتلىك قېرىنداشىم!

يۇقىرىقىلارنى خاتىرلەشتىكى مەقسەت ھەرگىزمۇ تارىخنى زىكىر قىلىپ، قەلب يارىڭىزنى تاتىلاش، دەرت ئۈستىگە دەرت قوشۇش ئەمەس. بەلكى ئېتىقاد يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ۋەقە ھادىسىلەرگە دادىل باھا بىرىش، مۇسۇلمان نامىغا مۇناسىپ ئىنسان خاسلىقىنى تىرىلدۈرۈش، تارىختىن ئىبرەت ئېلىپ، كېلەچەكتىن مەنا ئىزلەش قارىشىدا سىز بىلەن ئورتاقلىشىش خالاس. ھەممىمىز يۇقىرىقىلارغا قۇلاق سالغاندىن كېيىن ئۇ تارىخنىڭ خاتاسى، بۈگۈنىمىز توغرىسىدا ئېغىز ئاچ ! دېيىشىڭىز تۇرغانلا گەپ.

بىزدە ئىللەت شۇ قەدەر كۆپكى، مۇبالىغە قىلىشتىن ئەنسىرىمەيدىغان كىشى (بىزدىكى ئىللەت تەكلىماكان چۆلىدىكى قۇم دۆۋىلىرىگە باراۋەر كېلىدۇ) دېيىشتىن يانمايدۇ.

روشەنكى جەمئىيەت ھەرتەبىقە كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان، ھەر بىر تەبىقە ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان پىكىر ئېقىمى، تۇرمۇش ئۆلچىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولىدۇ. ئۇ ئىجابىي نۇقتىدا ئىلغارلىقتا، ئۇلۇغلۇقتا، سەلبىي نۇقتىدا ئىللەتكە، كەمچىللىككە تويۇنغان بولىدۇ. ئۇنى ھەممە ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ئۆلچىمىگە، ئەخلاقى مىزانىغا سېلىپ ئۆلچەيدۇ. شۇنداق، مەن جەمئىيەتتىكى ئەشۇ تەبىقىلەرنىڭ بىرى بولغان تالىپ تەبىقىسىدىن، تەسەۋۋۇرۇمدىكى: ئىسلاھاتىدىن جەمئىيەت ئىسلاھ قىلىنىدىغان، روناق تاپىدىغان، غاپىللىقىدىن مىللەت جاھالەتكە يۈزلىنىدىغان، ھەتتا يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالىدىغان نۇقتىلىق تەبىقىدىن. ئەمما تەسەۋۋۇرىڭىزدىكى ئىنسانىي خاسلىقى يوقاپ كەتكەن تاشلاندۇق كىشىلەر تەبىقىسىدىن.

تۆۋەندىكى مېنىڭ سۇرىتىم، ياق، تەبىرىم خاتا بولمىسىلا ئىمان دەۋاسى قىلىپ تۇرۇپ زاۋاللىقتىن باش تارتالمايۋاتقان بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ سۇرىتى . ئىسلام دىنى مەيدانغا كەلگەن 14 ئەسىردىن كۆپرەك تارىخى جەريان ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ھادىسىلەرنىڭ ئۇلۇغۋار گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ماكان، زامان ۋە مۇھىتنىڭ يۈكسەكلىكىگە ئىنتىلدۈرۈش، قالاقلىقنى قەبرىگاھىغا جۆنىتىش دولقۇنلىرىغا ئۇچرىماي، زامانىۋى ئەسىرگە خاس روھنى ساقلاپ، ئېتىقادچىلىرىنىڭ قەلبىگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس غەيرەت ـ جاسارەت بېغىشلاپ، تىنچلىق ئىلتىجالىرىنى تەمىن ئېتىپ كەلگەن يالغۇز بۇ ئىلاھى چاقىرىقتىن باشقا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىلغا قىلغۇدەك بىرەر نىجاتلىق مەشئىلى يوق ئىكەنلىكىنى ئورتاق نامايەندە قىلىش جەريانى بولدى. بۇ جەريان دەسلىپىدە تالىپ، كېيىنچە تەلىپى ھاسىل بولغان موللىدىن ئىبارەت بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان كىشىلەر تەرىپىدىن مەناغا ئىگە قىلىندى. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ۋەتىنىمىزمۇ 13 ئەسىردىن كۆپرەك جەرياندىكى مەدەنىي مىراسلىرىنى روياپقا چىقارغۇچى، مەدەنىيەت تارىخى، يۈرەكلىك ئېيتقاندا ۋەتىنىمىز تارىخىنى ياراتقۇچى تالىپ-موللىلارنىڭ يېقىنقى دەۋردىكى جەمئىيەتتىكى ئورنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن كىشى ھەسرەتلەنمەي، قايغۇرماي تۇرالمايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئېتىقاد ئۆتكىلىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە "ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش" دىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار خىزمەتنى ئۈستىگە ئالغان تالىپ-موللىلارنى كىشىلەر پەس كۆرىدۇ؟

نېمە ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى بارلىق تاشلاندۇق يارىماسلارنى، كىيىمى يىرتىق، ئەقلى چولتا، تەييار- تاپلارنى، قارنى يامان، تويماس، ئاچكۆزلەرنى كۆرگەن كىشى ئۇنى دەرھال موللىغا ، بوزەكنى ، تەييارغا ھەييارنى، ساددا مىشچاننى، خوش- خوش دېگەننى، خوشامەتچىنى كۆرسە ئىككىلەنمەيلا تالىپقا ئوخشىتىدۇ؟ ھەسرەت بىلەن ئارقىمىزغا باققىنىمىزدا تارىخ ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: يۇرتىغا سىغمىغان قوغلاندى "خوجا" لارنىڭ نادانلىق ئۇرۇقلىرىنى كۆچەپ چېچىشىدىن باشلاپ، ئۇلارغا مۇرت بولغان موللا-ئىشانلارنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپ روھىغا خىلاپ ھەرخىل پەتىۋالارنى توقۇپ چىقىشىدىن، نەپسىگە چوغ تارتىپ ھالال ـ ھارامنى ئايرىمايدىغان

موللىلارنىڭ كۆپىيىشىدىن،سەبىردىن سەللە كېيىپ، ئېھتىياتتىن پاناھلانغان "ماقۇلجان" تالىبلارنىڭ ئۆزلىرى ئوقۇغان ئايەت - ھەدىس ماھىيىتىگە چۈكمىگەنلىگىدىن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ جۇرئەتسىزلىگىدىن، پۇلدارلارنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتىكى ئىلىم- مەرىپەت ئورۇنلىرىغا، مىللەتنى قۇتقۇزۇش، دىنىنىڭ ئەسلى چاقىرىقىنى تونۇتۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان خەلق يېتەكچىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەمدە بولمىغانلىقىدىن، ھەممىنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقانلىقىدىن نەتىجىلەنگەن ئاقىۋەتتۇر . دۇرۇس، بۇ بۈگۈنىنىڭ تالىپلىرىغا ئۆتمۈشتىن قالغان مىراس. ئەسلىدە ئۇنداق سۈپەتلەرنى تالىپقا قارىتىش، بولۇپمۇ دەۋرىمىزدىكى بىر قىسىم مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە يەتكەن، ئىلاھى كۆرسەتمىنى ئۆزىنىڭ چىقىش يولىدىكى ئاساسى كومپاس دەپ بىلگەن تالىپلارغا قارىتىش يولسىزلىق، چېكىدىن ئاشقانلىق بولىدۇ دەپ قارايمىز.

80 -يىللارنىڭ مابەينىدە دىيارىمىزدا خېلى زور ئىلگىرلەش مەيدانغا كەلدى. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپ روھى ئىسلامدىكى مەقسەت- مۇددىئاغا چۈككەن، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە بىر قەدەر يېقىنلاشقان دىنى زىيالىلارنىڭ قاتتىق كۈچ چىقىرىشى بىلەن خەلقنىڭ دىنى قارىشى ۋە بۇ جەھەتتىكى بىلىشىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. بىر دىنى تونغا ئورىنىۋالغان ئالدامچى، ساختىپەز، جان باقتى مۇناپىقلارنىڭ يېتىم- يېسىرلارنىڭ، ئاجىز-ئۇرۇقلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى ھەرخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، بۇ ھەقتىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرمىلەرگە قاملىش ھەتتا ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قېلىشىغا قارىماي كەڭ تەشۋىق قىلىپ، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. قۇرئاندىكى قانۇن- نىزام، مۇناسىۋەت، ئەخلاق ۋە جىھاد ھەققىدىكى ئايەتلەر ئىنتايىن ئىلمى، قايىل قىلارلىق ئىزاھلىنىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا قەدىمقىلار تەرىپىدىن قويۇلغان سوقما تام پاچاقلاپ تاشلاندى. ئىسلامنىڭ يالغۇز مەسجىد-خانىقالارغا، نەزىر-چىراق، توي- توكۈنلەرگىلا باغلانماي پۈتكۈل ساھەگە تەتبىقلىنىش زۆرۈرىيىتىنى خەلققە ھېس قىلدۇردى ۋە قىلدۇرۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھغا كۆپلەپ شۈكۈرلەر ئېيىتمىساق زور خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىمىز.

80 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ قولغا كەلتۈرۈلگەن يۇقىرىقى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە يانداش كېلىۋاتقان ناھايىتى زور دەرىجىدىكى تەشۋىش بىزنى جىددىي ئويلىنىشقا، ھوشيار بولۇشقا چاقىردى. خېلى زور سالماقنى ئىگەللەيدىغان دىنى زىيالىيلار قايغۇلۇق ئۆتكەن ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى ھاياتىدا ئاسايىشلىق كۆرۈپ باقمىغان بۇ خەلقىنىڭ تارىخى يۆنۈلۈشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرتەرەپلىمە ئىزدىنىشلەرنى قىلىپ كۆردى.

90 -يىللارنىڭ بېشىغا كەلگەندە، مۇستەملىكە تورلىرىدىن ھۆرىيەت سەيناسىغا يېتىشنىڭ بىردىن بىر يولى، خەلقىمىزنىڭ ئېتىقادى ساغلاملىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، دىنى بىلىشنى، پىداكارلىق ئېڭىنى بېيىتىش ئىكەنلىكىنى سەگەكلىك بىلەن بايقىدى. نەتىجىدە تەشۋىقات دائىرىسى، تەشۋىقات مەزمۇنى بىر قەدەر كېڭەيگەن بولدى. بۇنىڭ قاتارىدا ئالى - ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرگە دەۋەت خىزمىتى باشلاپ كىرىلىپ، نۇرغۇنلىغان قىز - يىگىتلەرنىڭ دىننى تونۇش، ھەقىقەتكە قايتىش جەھەتتە كۆرىنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىلدى. لېكىن، بۇنىڭ خەتىرى، سەلبىيلىكلىرى ھەققىدە پىكىر- مۇلاھىزە قىلغانلار دېگۈدەك كۆپ بولمىدى. بۇ خەتەر، ئۇتتۇقلارنى سوئال بەلگىسى شەكلىدە بىر قىسىملىرىمىزنىڭ ئېڭىدا مەۋھۇملاشتۇۋردى. دېمىسىمۇ "قۇرئان كەرىم" دىن بىرەر - ئىككى ئايەتنىڭ تەرجىمىسىنى كۆرۈۋالغان ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ دىنى قىزغىنلىقىغا تايىنىپ، ئايەتنى ئېغىزىغا كەلگىنىچە تەپسىر قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ئايىتىگە تەرجىمانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئىسىدىن چىقىرىپ قويدى. ئۇنىڭدىن ھېچكىم مۇپەسسىر (تەپسىر قىلغۇچى) لىك قىلىشتىكى شەرتلەرنى سوراپ قويمىدى. بۇ، ئاقىۋەت ئۆزى خالىغان كىشىنى "كاپىر" خالىغان كىشىنى "مۇسۇلمان" ھۆكۈمى بىلەن تەمىنلەيدىغان "زامانىۋى" مۇپتىغا ئايلاندى. ھېكمەت، ئەقىل، تەپەككۇر... تېمىلىرىدا توختىماي سۆزلەپ تۇرىشىۋاتسىمۇ رېئاللىق دەل تەتۈرىگە ئاقتى. ئىستىقبالىدىن ئۈمىد بار، خېلى كۆپ ساندىكى ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ساناقلىقلا كۈن قالغاندا "كاپىر"نىڭ مەكتەپلىرىدىن قول ئۈزۈشنى ئەۋزەل بىلدى. بۇ پەتىۋانى ئەلۋەتتە سىرتتىن يېتەكچىلىك قىلغان بىر قىسىم

مۇپتىلارنىڭ " دىنىي " ھىسياتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ خىل ھاماقەتلىككە ئاللاھنىڭ ئالدىدا قانداقراق جاۋاپ بېرىشىدىكىن!

قۇرئان كەرىمدىكى ئىلىم ـ مەرىپەت توغرىسىدا بايانى كەچكەن ئايەت ـ ھەدىسلەرنىڭ يالغۇز شەرىئەت ئەھكاملىرىغا قارىتىلمىغانلىقىنى بايقىغان ئەقىل ـ ئىگىلىرى تىلغا ئالغۇدەك سىزىلمىدى. ماھىيەتتە بىزنىڭ دەۋەت تەشۋىقات نىشانىمىز ئەقىدە ـ ئېتىقادىمىزنى ساغلام ساقلاش، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزگە ئاڭلىق يۇسۇندا ۋارىسلىق قىلىش،ئاخىرقى ھىساپتا مۇسۇلمانغا خاس بازا تىكلەش ئۈچۈن كىشىلىرىمىزنى ئىلىم ـ پەن، سانائەت ساھەسىگە رىغبەتلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئويلاپ كۆرمەيمىز؟!

دىن دۈشمەنلىرى پەقەت مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا بىزنى يەكلىدى، چەتكە قاقتى. ئەقىدىمىزگە ـ ئېتىقادىمىزغا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ھاقارەت قىلدى. قانچە ئېھتىيات قىلساق (ئېھتىياتمۇ ياكى قورقۇنچمۇ؟) دىمىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىۋالساقمۇ، مەسجىد ـ خانىقالارنى پاناگاھ تۇتقان بولساقمۇ، ئاتوم پۇراقلىرىدىن، ئىنسانىنىڭ بارلىقىنى چىرىتىپ، زەھەرلەپ تۆگىتىدىغان قاراڭغۇ كامىرلاردىن ، قان تېمىپ تۇرغان شەمشەر، زەي قامچا...لاردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدۇق. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ زېمىنى تاجاۋۇزچىلارنىڭ قولىدا، ئىپپەت نومۇسى ئۇلانىڭ خاھىشىدا، ئىقتىسادى تەسەررۇپاتىدا، ئىجتىمائىي كونتۇرۇللىقىدا، ئەقىدىسى ئىسكەنجىلىرىدە، مەدەنىيىتى بۇزغۇنچىلىقلىرىدا تۇرىۋاتقان، ئەقىدە ئىگىلىرى ئۆلتۈرىلىۋاتقان، ئىزىلىۋاتقان، تۈرمىلەرگە سولىنىۋاتقان .... تۈمەنمىڭ ھادىسىلەرگە دۇچار بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ،ئالى مەكتەپلەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە چاقىرىش راۋا بولارمۇ؟ بىزنىڭ پەقەت سۈكۈت ئېچىدە خورسىنىپ قويۇشىمىز بىلەنلا جەننەتكە كىرگىلى بۇلارمۇ؟ مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى، مەنىۋى ھارغىنلىق، ئىلمى قالدۇقلۇق، ئەخلاق چىرىكلىكى قاپلىغان جەمئىيەتنى نېمە ئارقىلىق باشقىلارنىڭ مۇستەملىكىسىدىن تارتىپ چىقىرىش مۇمكىن؟

ئىلىم - پەن سانائەت راۋاجلانماي، ئىقتىسادى قۇرۇلما مۇستەھكەملەنمەي، سىياسى، پەلسەپۋى بىلىش چوڭقۇرلاشماي، تارىخ ئىلمى يەكۈنلەنمەي، يىغىپ ئېيتقاندا ھەممىگە ئېتىقاد يۈكسەكلىكىدىن كۆز تىكمەي تۇرۇپ، مۇستەملىكە تورلىرىدىن بوشىنىش ئۈياقتا تۇرسۇن، جەننەتكىمۇ كىرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھەر بىر مۇسۇلماندا بارلىق مۇسۇلمانلارغا كۆيۈنۈش، مەنپەئەتىگە ھېرىسمەن بولۇشتەك ئۇلۇغۋار مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بار. بۇ ئىقتىدارى يەتكەن دائىرىدە ئىجرا قىلىنماي تۇرۇپ ئاللاھنى رازى قىلىش مۇمكىن ئەمەس . ھەربىر مۇسۇلماننىڭ پەخىرلىنىش ئوبيكتىغا ئايلانغان، پاكىستانلىق مۇسۇلمان ئالىم ئابدۇل قەدىرخان كاپىرلارنىڭ ئالى بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيلەندى. پەقەت ئەقىدىسى ساغلام بولغاچقىلا، غەرپ دۆلەتلىرىنىڭ ياۋرۇپادا تۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن بەرگەن تەكلىپلىرىگە "مەن بىر پاكىستانلىق، يەنە كېلىپ بىر مۇسۇلمان " دېگەن مەشھۇر سۆزى ئارقىلىق جاۋاپ بەردى. غەرب دۇنياسىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، پاكىستانغا قايتىپ كەلگەن بۇ ياش ئالىم، تۈنجى قېتىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتوم بومبىسىغا ئىگە بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى. ئۇ لاھىيلىگەن "ئىسلام بومبىسى" ناملىق ئاتوم قورالى پاكىستاننى يۇتۇپ كېتىش ئۈچۈن چىش بىلەپ تۇرغان ھىندىستان ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرق ئىسلام ئەللىرىگە تەھلىكە سېلىپ تۇرىۋاتقان يەھۇدىي مۇستەملىكىچىلىرى ئۈچۈنمۇ غايەت زور ئەنسىزلىك ئېلىپ كەلدى. خۇلاسە گەپ، ئابدۇل قەدىرخان ھازىرمۇ مۇسۇلمان،باشقىلارغا ئوخشاشلا ناماز ئوقۇپ، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ يۈرىۋېتىپتۇ. شۇڭا بىزدە تەكرارلانغان يۇقىرىقى خاتالىقلارنى قايتا سادىر قىلماسلىقىمىز، ياخشى نىيەتتىن ياخشى ئۈنۈم يارىتىش روھىمىزنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك.

## مۇپتىمۇ ياكى.. ؟

ياخشىلىق، پەزىلەت ، ئۇلۇغۋارلىققا ياندىش يامانلىق، شۇملۇق، نادانلىق ئاپەتلىرىنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى ھېچقايسىمىز ئىنكار قىلمايمىز. ئەمما كىمنىڭدۇر بىرسىنىڭ "پەرۋاسىزلىق قارىشى ھۆكۈمران جايدا، ئادالەت تەنتەنە

قىلمايدۇ" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىم ئېسىمدە. مىللىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارىختا دۇچ كەلگەن پاجىئەلىرى ھازىرغىچە كەڭ دائىرىلىك بولمىسىمۇ، ئىشقىلىپ نىزامىدىن ھۈسەيىن، ئابدۇقادىر جالالىدىن، بولۇپمۇ دوكتور/ ئەسەت سۇلايمان قاتارلىق بىر قىسىم قەلەم ساھىبلىرى تەرىپىدىن خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلدى. مەسىلىنىڭ ئىچكى نىزا، سىياسى داۋالغۇش، قالايمىقان پەتىۋا، مىللىي، دىنى ئېغىشتا ئىكەنلىكىنى ئارقا - ئارقىدىن ئىزىپ ئىچكۈزدى . ئەمما ئىدىيىدىكى قاتماللىقمۇ ياكى يېڭىچە ئېقىم ئىختىرا قىلىندىمۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم. لېكىن، دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن خەۋىرى يوق "قايغان گەۋدە" پەتىۋا دەستۇرىنى دەقىقە مىقدارى يېپىپ قويمىدى. شۇ قاتاردىكى بىر قىسىم مۇپتىلىرىمىز مىللىي ئېڭىغا تايىنىپ، "قىزىل بايراق ئاستىدا ناماز ئوقۇش جايىز ئەمەس "دېيىش ئارقىلىق شەيتاننىڭمۇ ئەقلىگە كىرىپ چىقمايدىغان ئاجايىپ پەتىۋالارنى توقۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: "سىلەرنىڭ پەتىۋا بېرىشكە ئالدىرىغىنىڭلار، دوزاخقا ئالدىرىغىنىڭلار" دېگەن ھەدىسىدىكى يۈكسەك مەنانى ئىنكار قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالدى. ۋاھالەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھىي كېلىپ 20 يىلدىن كېيىن، كەئبە ئەتراپىدىكى بۇتلارنى چېقىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئىدى. قېنى، شۇ جەرياندا پەيغەمبەر بولغان زات ئىنسانىيەت تاقەت دائىرىسىدىكى بارلىق ئازاپلارنى (ناماز ئوقۇغىنى ئۈچۈنلا) تارتىۋاتقان مەككىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نامازنى قويۇپ تۇرۇشىغا، سىز تەكلىماكان چۆللىگىدە بەرگەن شۇ پەتىۋانى بەردىمۇ؟ ياق، ھەتتا بۇنداق خىيالمۇ سادىر بولغان ئەمەس. چۈنكى "كاپىر بىلەن مۇسۇلمان ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نامازدۇر(9) نەزىرىمىزدىن ساقىت بولمىسۇنكى، دۇنيادا نامازنى قويۇپ تۇرۇشقا ھېچقانداق ئۆزرە يوق. مەيلى ھۆر - ئەركىن بولۇڭ ياكى قاماقتا مەھبۇس بولۇڭ نامازنى ئىما - ئىشارەت بىلەن ئوقۇغۇدەك ماجالىڭىز بولسىلا ئوقۇشىڭىز كېرەك . ئۇ پەقەت نارسىدىنىڭ بالاغەتكە يېتىشىگىچە، ساراڭنىڭ ئەقلىگە قايتىشىغىچە، ئويقۇدىكى ئادەم ئويغانغانغا قەدەر تەلەپ قىلىنمايدۇ. ھامان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن نامازنىڭ ئورنىنى تولدۇرمىسىڭىز گۇناھكار بولىسىز. مانا بۇ ئىسلام كۆرسەتكەن تەلىمات، ئۇنىڭدىكى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت.

ئەقلى ھىجرەتكە چىقىپ كەتكەن ئادەملەر توپىغا نىسبەتەن، پاجىئەنىڭ تىزگىنىنى تېپىش ھەرگىزمۇ ئاسانغا توختىمايدۇ. ئەسىرلەر بويى قان تۆكۈپ، مىڭلىغان قۇربانلارنى بىرىپ قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۆملۈك ـ ئىتتىپاقلىقنى، ئەقلى چولتىلىقى، نادانلىقى كۆرىنىپ تۇرغان بىر ھىسسىياتچان بەندە تازا چىڭقىلىپ تۇرۇپ، شەرئەت ئەھكاملىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىنى قايرىپ قويغان ھالدا بىرلا پەتىۋا بىلەن ياكى كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئوقۇغان دۇئانىڭ بىرقېتىملىق "سۇف" بىلەنلا نابۇت قىلىپ تاشلىيالايدىغان بۇ ۋەزىيەت تېخى تەلتۆكۈس توگەپ كەتكىنى يوق. شۇڭىمىكىن، كۆرگەنلا ئادەمنى كاپىرغا چىقىرىدىغان، پەتىۋانى خالىغىنىچە كىسىدىغان، كىشىلەرنى مەسجىدكە بېرىشتىن توسىدىغان بىر قىسىم ئازازۇل مۇيتىلارنىڭ ھېلىھەم بازىرى قايناق. بىر مۇسۇلمانىنىڭ ئىمانىسىز ـ كاپىرلار بىلەن ئالاقە ـ مۇناسىۋىتىنى كۆرسە، دەرھال ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلماسلىق، گەپ ـ سۆز قىلماسلىق، سالامىغا جاۋاپ قايتۇرماسلىق قاتارلىق يۇقىرىقى قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتكە مۇناسىپ كەلمەيدىغان "جەمئىيەتتىن ئايرىپ قويۇش" جازاسىنى قوللۇنۇپ، شەرئەت نامىدىن شەرئەتكە ھاقارەت قىلىۋاتقانلارنى ئۇچىرىتىشمىز ئۇنچە قېيىن ئەمەس.

ناھايىتى ئېنىقكى، مەسجىدكە كىرىپ ـ چىقىۋاتقان بىر كىشىنى كاپىر دېيىشتىن ئارتۇق قاپ يۈرەكلىك بولمىسا كېرەك. سەھىھۇل بۇخارى ـ كىتابۇل ئەدەپتىكى 6105، 6104، 6103 ـ رەقەملىك ھەدىسلەرگە مۇراجىئەت قىلغان كىشى ـ " بىر كىشى بۇرادىرىنى كاپىر دەپ ئاتىسا ، ئۇ سۆز ئىككىسىنىڭ بىرىگە قايتىدۇ"(يەنى بۇرادىرى كاپىر بولمىغىنىدا، ھۆكۈم ئېيتقۇچىنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ). "مۆمىننى كاپىر دېگەن كىشى ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە باراۋەر" دېگەنگە ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنتايىن كەسكىن ۋە تولىمۇ نازۇك، جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرىنى ئالغان بايانلىرىنى ئۇچرىتىدۇ. شۇ نۇقتىدا مەسىلىنىڭ ئۇ قەدەر ئاددىي ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر تونۇيدۇ . پالانى ئاقچى، پوكۇنى كۆكچى، پالانى مۇناپىق، پوكۇنى بىرلىكسەپ بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇش جايىز ئەمەس. مەسجىدلەر "مەسجىدى زىرار" (زىيانلىق مەسجىد) غا ئايلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭغا

بارماسلىق كېرەك... يەنە بىز ساناشتىن ئاجىز كېلىدىغان مىڭلىغان زەھەر يالىتىلغان پەتىۋالار..... روشەنكى، ئىسلامىيەتنىڭ تۈنجى قوماندانلىق مەركىزى، دۆلەت ئورگىنى، دىنى، سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىي، ئىجتىمائىي ھاياتى مەركەزلەشكەن زونا، بۈگۈنكى كۈندە سىياسى قويمىچىلارنىڭ ئوينىغان مىڭلاپ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى، بىزنىڭ مەۋقەسىزلەرچە كۈچ چىقىرىشىمىز ئارقىسىدا خېلى ئوبدانلا مەناغا ئېگە قىلىنىۋاتىدۇ. كەسكىن ئېيتىش مۇمكىنكى، پۈتكۈل ساھەدە نوپۇزىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ قولىدا بىساتى بارلىرى زىلچا ـ گىلەم، يوقلىرى يىرتىق بورا، تىتىلىپ كەتكەن ئالقانچىلىك جايناماز تاشلاپ قويغان مەسجىددىن باشقا تىلغا ئالغۇدەك بىر نەرسە قالمىدى. تاملىرىغا تاغۇت ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىلان- تەشۋىقاتلىرى چاپلانغان، مۇنبەرلىرىدە ئۇلارنىڭ يول ـ يورۇقلىرى سۆزلىنىپ تۇرىدىغان "ئەبگالاشقان" مەسجىدنى باھانە قىلىپ، ئۇنى باشقىلارنىڭ ئىختىيارىغا تاشلاپ بەرمەستىن، بەلكى مۇسۇلمانلار ئاممىسى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئېتىقادىمىزغا بارغانچە ھاقارەت قىلىشنى كۈچەيتىۋاتقان دىن ـ دۈشمەنلىرىگە قارىشى تۇرۇش ئۈچۈن كۈچ توپلىساق، ئەقىدىنى، كۈچنى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي بىرلىكنى شۇ ئارقىلىق كۈچەيتسەك بۇنىڭ نېمىسى يامان؟! شۇنىسى ئېنىقكى، ئۆزىنىڭ ھايات- پائالىيەتلىرىنى ئىسلامىيەت ئېتىقاد ئۆلچىمىدىن ئايرىپ قارىيالمايدىغان كىشىلەر تويى ئۈچۈن، ھۆرلۈكنى- ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، مۇستەملىكە سىرىتماقلىرىدىن ئاجراپ چىقىش، نادانلىق- جاھالەت كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش يولىدا مەسجىدگە تايانماي ئامال يوق. دەرۋەقە، سېپىمىزدىكى ۋىجدان ئويغاقلىقىدا تۇرىۋاتقان ھەرقانداق كىشى يوقىرىقىغا ئوخشاش كاپىرغا، مۇناپىققا ئەسلى رولىنى جارى قىلدۇرالمايۋاتقان مەسجىدكە، بىرلىكسەپتىن قول ئۈزەلمىگەن ياكى قول ئۈزۈشنى خالىمايدىغان "شاپتۇل دامولла" لارغا نەپرەت كۆزى بىلەن قارىغان ئەزىمەتلەرگە ھۆرمەت نەزىرىنى تىكمەي تۇرالمايدۇ. ھەتتا دىنىغا، ئېتىقادىغا، نىسبەتەن ئېنىق ئاڭ ـ چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان "بىرلىكسەپچىلەر" مۇ ئۇلاردىكى قىزغىنلىق، ئىخلاسنى ئىنكار قىلىشتىن ئاجىز. لېكىن"ئىخلاسنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە: «ئېيتقىنكى!

"بۇ مىنىڭ يولۇمدۇر، (كىشىلەرنى) ئاللاھغا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەندەلىلگە ئاساسلىنىمىز، ئاللاھ پاكتۇر. مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەس» دېگەن ئايىتىدىكى روشەن دەلىل (ئىلاھى ھېكمەت ) كە ياندىش تۇرىشى لازىم. بىزدە پەتىۋا بېرىش سالاھىيىتى توشقان دىنى زاتلار زادى قانچىلىك؟! بۇنى بىلىپ بولمايدۇ. لېكىن بىز بىلىدىغان ئىسلام ۋە ئۇنىڭدىكى ، قائىدە - ئەھكاملار ئەسىرداش مۇپتىلىرىمىزنىڭ ئۆلچەم، پەتىۋالىرىدىن ئوبدانلا پەرقلىنىدۇ. (بۇ يەردە شەرىئەتنى قايرىپ قويۇپ، ھىسىياتنى پەتىۋا دەستۇرىغا ئايلاندۇرۋالغانلارنى كۆزدە تۇتىۋاتىمەن) مۇقەددەس دىنىمىز ئىسلام بىزگە، كاپىرلىقىغا ئېنىق ھۆكۈم يوق، ئەمما پاسىق ئىمام بولسا ، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقىلارنىڭ ئىگەللەش ئىمكانىيىتى بولمىسا، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى، جامائەتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئۇنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشنىڭ جايىز ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇڭا سىياسى مەنپەئەتنى ئەقىدىنىڭ ئالدىغا قويماسلىق، ھسىياتنى ئارقانلاش، ھۇشيارلىقتا، ئەقىلگە تايىنىش روھىمىزنى ئۆستۈرىشىمىز لازىم.

بىز يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ، شۇ قاتاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپىرلار بىلەن قىلغان ئالاقىسىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائىپتىن قايتقاندا مۇتئىم ئىبنى ئۇدەيىنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەنلىكىنى، يۈزلىگەن ساھابىلەرنىڭ ھىجرەتتىن ئىلگىرى مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن تىجارەت، سانائەت(قولسانائىتى) ۋە باشقا جەھەتلەردە ئېلىم - سېتىم ئالاقىلىرىدە بولغانلىقىنى، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارنىڭ كاپىرلانىڭ ھىمايىسىدە ھايات كەچۈرۈپ تۇرغانلىقىنى ئىسىمىزدىن چىقىرىپ قويدۇق - دە، كاپىرلار بىلەن ئېلىم - سېتىم قىلغانلارغا مۇقاتەئە (جەمئىيەتتىن ئايرىپ قويۇش) دىن ئىبارەت ئىنتايىن ئېغىر جازالارنى قوللانغان بولدۇق . ۋاھالەنكى ھازىرقى زامان ۋە قەدىم ئۆتكەن سەلەف ئالىملارنىڭ يۇقىرىقىدەك نازۇك مەسىلىلەردە بىزنىڭ "ئۆپكە" سىز مۇپتىلىرىمىزدەك قالايمىقان پەتىۋا كەسكەنلىرى يوق.

ئەمما ئۇلار پەقەت بىرلا شەرتنى يەنى ئەقىدە ـ ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇشنى، ھەممىگە ئېتىقاد يۇكسەكلىكىدىن باھا بېرىشنى، دىنسىزلارغا ئىمان- ئىسلام كۇرسىسىدىن چۇشۇپ بەرمەسلىكنى تەكىتلەشتى. مانا بۇ بارلىق مەسىللەردىكى ئەڭ ئاخىرقى جاۋاپ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن !

يۇقىرىقى ئىبارىلەرنى ھەرگىزمۇ سىزگە يامان نىيىتى بار،كومۇنىستلارنىڭ قارغىش تەككۇر پىيالىلىرىدىن شۇملۇق شەربىتى ئىچكەن شەيتان مىجەزلەر ئېيتمىدى. سىزنىڭ قايغۇڭىزغا قايغۇردىغان،سىز يىغلىغان نۇقتىدا تەڭ يىغلايدىغان، سىز بىلەن تەقدىرداش ، ھالاكەت قاينىمىدىن نىجاتلىق ساھىلىغا يىتىشنى ھەمىشە ئويلايدىغان قېرىندىشىڭىزنىڭ يۇرەك سۆزى. شۇنداقكەن "كېسەلنى يۇشۇرساڭ ئۆلۇمى ئاشكارا" دېگەن ھېكمەتكە ئاساسەن، يۇقىرىقى سەھىپىلەر دىكىدەك تۆۋەندە دېمەكچى بولغان قاتتىق ـ قۇرۇق سۆزلىرىمدىن رەنجىپ يۇرمەيدىغانلىقىڭىزغا چىن ئىشىنىمەن.

سەمىڭىزگە سىر ئەمەسكى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى يىرىم ئەسىردىن كۆپرەك جەرياندا ياراتقان ئىجادىيەت-ئىختىرالىرى ئۆتكەن مىڭ يىلدا ياراتقان كەشپىياتلىرىنى بېسىپ چۇشتى. ئىنتېرنېت INTERNET )) تىن ئىبارەت زامانىۋى تور دۇنيا مىقياسىدا ئومۇملىشىپ، يەر شارىنى كىچىككىنە چەمبىرەك ئېچىگە يىغىنچاقلىدى... ۋاھالەنكى، تەكلىماكان چۆللىكىگە قامال قىلىنغان ئىنسانلارنىڭ ھايات-پائالىيەتلىرى جەرياندا تىلغا ئالغۇدەك يېڭىلىقلار، خۇشاللىنارلىق ھادىسىلەر مەيدانغا كەلمىدى. نەس باسقان دىيارىمىزغا ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرىنى چېچىپ كېلىۋاتقان قۇياش ئاستىدا ، جاھىل خاراكتېرلىك قوتۇر كېسىلىگە ئوخشاش روھىتىمىزگە چىڭ چاپلاشقان جاھالەت، خۇراپاتلىق ۋە بېكىنمىچىلىك پاجىئە تۇسىدە تەكرارلاندى. تارىختىكى ئىجادىيەت ۋەسىقىلىرىمىز ئۆتمۇشىنىڭ قىسسە داستانلىرى، رىۋايەت چۆچەكلىرىدىن ھالقىمىدى. نەسلىمىزدىن چىققان ئىجادىيەت ـ ئىختىرا ئىگىلىرى، ئىجتىمائىي ـ

پەلسەپىۋى تىمىلاردا ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن، ئۆتمۈش گوياكى شائىرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى "جانان"غا ئوخشاش خورىماس مەنبەگە ئايلاندى. ئۇلار ئىچىدىن كېلەچەك ھەققىدە جىددىي ئويلىنىدىغان، ئىزدىنىدىغان، ئۇ ھەقتە يېڭى - يېڭى بەلگىلەرنى - نەزىرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلار يوق دېيەرلىك بولدى. دېمەك، تارىخ بىر ئىزدا تەكرارلاندى، ئىلمى چېكىنىش ۋە بىكىنمىچىلىك ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. كونىلىق يەلكىمىزدىن باستى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كەچمىش ئىدى. ئەنە ئاشۇ ھارغىنلىق پۇراپ تۇرىدىغان ئۆتمۈشنىڭ ئېچىنىشلىق نالىلىرىگە سەزگۈلىرىمىزنى مەرگەزلەشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تارىخى جاۋاپكارلىنى ئىزدەۋاتقىنىمىزدا، كۆڭۈل ئىكرانىمىزغا مەسئۇلىيەتتىن ياتلاشقان بىر ئىنساننىڭ قىيسايغان گەۋدىسى كىرىپ كېلىدۇ- دە، ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ، تىترەپ تۇرغان ۋۇجۇدىمىزغا سىڭىپ كىتىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ كىم؟ ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ، شۇ قەدەر ئۇلۇغ ئىنسانكى ، مەرىپەت دېڭىزىدىن ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن گۆھەرلەرنى قازىدۇ. يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى ، ئۇ ئۇلۇغلۇقتا ئەبۇبەكرى بەكرىنىڭ پاراستى ئۆمەرنىڭ ئادالىتى، ئوسمان ئىبنى ئاففاننىڭ نومۇسچانلىقى، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپنىڭ ئاجايىپ پىداكارلىقى ۋە پۇتكۇل ساھابىلەرنىڭ دىنىغا ، ئېتىقادىغا بولغان تەڭداشسىز سەممىيىتى مۇجەسسەملەنگەن، ئۇ "قۇرئان كەرىم" ۋە "ھەدىس شەرىپ"نى ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتىكى بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئالى كومپاس دەپ تونىغان بارلىق مەسئۇلىيەتچان، تەقۋادار كىشىلەربىلەن، "ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش "تا ئورتاقلىق تاپقان، ئۇلۇغ ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭ شۇ ئۇلۇغلۇقى بىلەن، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى يېڭى مەزمۇنغا ئىگە قىلىنغان، بىلىش دائىرىسى كېڭەيگەن، ئىجادىيەت ئېڭى ئۆسكەن ... يېغىنچاقلىغاندا ھەممىدە ئالدىنقى قاتاردا ئىدى. يۇقىرىقى قۇرلارنى ئوقۇغان كىتاپخاننىڭ ئېڭىدا ئۇ كىشىنىڭ تارىختىكى "تالىپ" ئىكەنلىكىگە قىلچىلىك گۇمانى قالمايدۇ. ئەمما ئىنساننىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئىجادى ئويغاقلىقى بىلەن ئۆلچىنىدىغان ھازىرقىدەك بىر دەۋردە، ئۆزىنىمۇ ، ئۆزگىنىمۇ ئۇنتۇپ، "ئاسمان يېقىلىپ چۈشسە، ئاستىدا يېتىپ مانتا يەيدىغان" بىر

قىسىم، (توغرىراقى كۆپىنچە) تالىبلارنىڭ رېئال ئەمەلىيىتىنى گويا زەرداپ ئېچىۋالغان ئادەمدەك ئاچچىق تولغىنىپ تۇرۇپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرمىز.

ئۆتمۈشى بىلەن بۈگۈنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپە بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتقان بۇ ئىنسانلار ھەققىدە دەسلەپكى قۇرلاردا ئازراق كايىغان ئىدىم.

مەلۇمكى، ھېلىقى "يولسىز ئەقىدە" سۇپىزىمنىڭ پىسخىكىمىزغا كۆرسەتكەن، بولۇپمۇ ۋايىغا يەتكەن جاھالەت، قۇل مىجەزلىككە چاقىرىدىغان ئاساسسىز نەزىرىيەلىرىنىڭ چاڭ - تۇزانلىرىنى ئېتىقادى بىلىشىمىزنىڭ، ھايات-پائالىيىتىمىزنىڭ بىر تەرىپى قىلىپ كېتىپ بارىمىز. مىسال دېسەك ساماندەك تۇرۇپتۇ. ئون بەش - يىگىرمە يىل ئەتراپىدا دىنى مەدرىسلەردە، ئالىملارنىڭ سۆھبەتلىرىدە، ئىزدىنىش - مۇتالىئە قىلىش بىلەن ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن بىر دىنى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزىنى ۋە مەقسىتىنى ئىپادىلىشى، بەش يىل ئەتراپىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنى ئىزاھلىشىدىن كۆپ تۆۋەن تۇرسا ، شۇنچە ئۇزۇن جەريان سەرپ قىلغان تۇرۇقلۇق بىرەر پارچە ئىلمى ماقالە يېزىش ياكى قەغەز يۈزىدە ئاددىي شەكىلدە بولسىمۇ مۇددىئاسىنى بايان قىلىش ئىقتىدارى بولمىسا ، بىر تىل ۋە ئۇنىڭ مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىسلىق ساھەلىرى بىلەن ئون يىللاپ مۇئامىلە قىلغان كىشىدە ئەدەبىي ئۇسلۇبتا ئىككى ئېلىك سالام خەت يېزىش قۇدرىتى يېتىلمىسە ، ئىنساننىڭ ئالدىدا ئاقلاشتىن ئاجىز كېلىدىغان بۇ قىلمىشنى ، ياراتقۇچىنىڭ ئالدىدا قانداق ئاقلاش مۇمكىن؟!

ئىدىلوگىيە كۈرىشى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغان بۈگۈنكىدەك دەۋردىمۇ، كاپىرنىڭ چىقارغان كىتابلىرى، گېزىت - ژورناللىرى دەپ نەزىرىگە ئالماي، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئىدىلوگىيسىگە، ئەقىدە- ئېتىقادىغا قىلغان ھاقارەتلىرىدىن خەۋەرسىز ياشايدىغان، مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي، سىياسى ھاياتىدىن، بولۇپمۇ ئۇلارغا يۈزلىنىۋاتقان پاجىئە - مۇسىبەتلەر ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا تېرىقنىڭ قاسىرىقى چاغلىق ئىلمى قارىشى يوق ۋەزىيەت مەۋجۇت تۇرسا، بىز قانداقسىگە ئۆزىمىزنى ھەقىقەتنىڭ تالىپلىرى، خەلقىمىزنىڭ زىيالىلىرى،

دىنىمىزنىڭ داھىيلىرى سانايمىز؟ تارىختىكى دىنى ئالىملارنىڭ ئۆگۈنۈش،ئۆگۈتۈش، تەتبىقلاش روھى قەيەرگە كەتتى؟ ئىبنى جەۋزى: "ناۋادا مەن يىگىرمە مىڭ پارچە ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق كىتاب ئوقۇغان دەپ مۆلچەرلەنسەم، يەنىلا ئۆزۈمنى تالىپ ھىساپلايمەن" دەيدۇ. ئەمما بىزچۇ؟ ! يىگىرمە مىڭ ئەمەس، بەلكى يىگىرمە پارچە كىتاب ئوقۇماستىنلا، ئۆزىمىزنى رەسمىي موللىلار ياكى ئىلمىيراق ئېيتقاندا، ئالىملار سېپىگە كۆچەپ تىقىمىز. دە، "تۆر"دىن ئىبارەت "خاسىيەتلىك" ماكانغا مۇستەملىكە تامغىمىزنى باسىمىز. قەلەندەرنىڭ كۆلاسى چاغلىق شۇ ماكاننىڭ دائىملىق مېھمىنى بولغان كۈندىن باشلاپ، قوساقتىكى ئۇماچنىڭ ئاز-كۆپلىكگى بىلەن ھىساپلاشمايلا، پەتىۋا دەستۇرلىرىنى كەڭ ئاچىمىز. پۇرسەت تاپساق، دىنىمىزدا بار - يوق نۇرغۇن سۆزلەرنى يېغىپ، سۆزلەپ سورۇن قىزىتىمىز. ناۋادا تەبرىم خاتا بولمىسا، بىزدىكى ۋائىزلىق، گەپدانلىق تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتىرىلدى. دىلىمىز بىلەن تىلىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپە مۆلچەرلەش قىيىن ھالەتكە يەتتى... ئىي ئاللاھ! بىزنى ئىسلاھ قىلغىن، بىز ئارقىلىق باشقىلارنى ئىسلاھ قىلغىن!.

خاتىمە ئورنىدا:يۇقىرىقىلاردىن روشەن كۆرىنىپ تۇرۇپتىكى، بىز ئىسلاھات يولىنى تاللىشىمىز، ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز، مۇسۇلمانلارغا غايىنى، ئېتىقادنى ئۆگىتىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى ئۆزىمىزدىن باشلاش، پەتىۋانى مۇپتىلىق شەرتى توشقانلار چىقىرىش، ئىجتىھادنى مۇجتەھىدلىك ئۆلچىمىگە يەتكەنلەر ئېلىپ بېرىش ئېڭىنى تۇرغۇزۇش، خەلقىمىزنىڭ مائارىپ ئېڭىنى، يېڭىلىق يارىتىش، كەشپىيات، ئىجادىيەت، تەتقىقات روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىمىز بۇ ھەقتە، مۇستەقىل چۈشەنچە، ساغلام ئىلمىي بىلىش ھاسىل قىلىشىمىز لازىم. ئوقۇش، ئوقۇغاندىمۇ ئەڭ كۆپ ئوقۇش بىلىشنىڭ تۈنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئاساسى. بىلىش ئارقىلىق ئەقىدىنى قوغداپ قالغىلى، ئاللاھنى توغرا رەۋىشتە تونۇغىلى، شۇ ئاساستا، ئىنساننىڭ قىممىتىنى تىكلىگىلى بولىدۇ. بىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ۋە ئۆزىمىزنىڭ دۈشمەنلىرىنى قورقۇتۇش، ئۇلارنىڭ شەرىئەت ھۆكۈمى كۆرسەتكەن جازاسىنى جايىدا لايىقلاشتۇرۇش قارىشىنى تىكلىشىمىز، ئەمىلىيىتىنى مەيدانغا

كەلتۈرىشىمىز ۋە جارائلىق ھالدا "قۇللۇق، ئاجىزلىق، مەھكۇملۇق ئىسلامىيەت روھىغا خىلاپ" ئىكەنلىكىنى خەلقىمىزگە تونۇتۇش بىزنىڭ نۆۋەتتىكى باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز . دوستلار! يىغىنچاقلىغاندا، بىزنىڭ دۈچ كەلگىنىمىز قانداقتۇر ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بولغان مەنۋىيەت راكى، بۇ راكنىڭ شىپالىق مەلھىمى ۋاقىت سۈيىدىن يۇغۇرۇلمىسا ئەجابىي نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقى ھەممىگە بەش قولدەك ئايان. شۇڭا بىزگە يۈكلەنگەن بۇ پاجىئەنىڭ تىزگىنى "بايقالمىغان" ئۆزىمىزنىڭ قولىدا دېگەن قاراش بىلەن ئېتىقادنى ئاساس، شەرىئەتنى ئۆلچەم قىلىپ، ئىسلاھاتىمىز ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتايلى!.

ئاخىرىدا، قايتا تەكىتلەيمەنكى، ئۆلچەمگە لايىق مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن، مەسىلىلەرگە ئېتىقاد يۈكسەكلىكىدىن باھا بېرىش روھىمىزنى تىرىلدۈرەيلى!